# شەرقىي تۈركىستان قان يىغلاۋاتىدۇ




2018-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى(شەنبە)

ۋىدىئو مەنزىلى ئۈچۈن:

https://www.youtube.com/watch?v=GBIgyQrjHPg&list=PL7gn0KIU_Lu3XDWM4p5wREnUXRvUcegme&index=5

**ئىسىل سۆزلەرنىڭ مەۋھۇم تور دۇنياسىدا تۈزۈپ كەتمەسلىكى ،ئەۋلادلىرىمىزغا نىشان قىلىشى ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىندى. سەۋەنلىكىمىزگە ئۆزۈر تەرىمىزگە ئەجىر سورايمىز.**

*ئاڭلاپ رەتلىگۈچى: ئا.ت*

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دوستلار! يىللار بۇرۇن ئالىي مەكتەپتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئوخشاشمىغان مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن دوستلار بىلەن بىر سۆھبەتتە ئولتۇرغان ئىدۇق. ئوخشاشمىغان مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئىنسانلار بىر يەرگە كەلگەن ۋاقىتتا ئادەتتە ئۆز ئانا تۇپراقلىرىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئەمما، بۇ مەملىكەتلەر ئىسلام مەملىكىتى بولغان ۋاقىتتا بىرئاز پەرىقلىق بولىدۇ. ئۇ كۈنىمۇ ئاشۇنداق بولدى. ھەممەيلەن مەملىكەتلىرىنىڭ دەرتلىرىنى سۆزلىدى. بېسىم، زۇلۇم، زوراۋانلىق، تىرورچىلىق قاتارلىق مەملىكەتلىرىدىكى مەسىلىلەرنى سۆزلەۋاتاتتى. پەلەستىنلىك بىر قېرىندىشىمىز سۆز قىلىپ، ئاقسا مەسچىتتىكى ئىسرائىل بېسىمىنى، ئىسرائىل ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئارقىسىدىن ئىراق تۈركلىرىدىن بىر قېرىندىشىمىز پەشمەرگىل بىلەن بولغان توقۇنۇشلارنى سۆزلىدى. چېچەنىستانلىق بىر قېرىندىشىمىز موسكوۋاغا قارشى كۈرەشلىرىنى، ئافغانىستانلىق بىر قېرىندىشىمىز ئامرىكىنىڭ قىلغان زۇلۇملىرىنى سۆزلەۋاتاتتى. ئارقا تەرەپتىن بىر ئاۋاز چىقتى. قېرىنداشلار: مەن شەرقىي تۈركىستانلىق! بۇ شۇقەدەر ئادالەتسىز دۇنياكى، سىلەرنىڭ بۇ سۆزلەۋاتقىنىڭلارنى باشقا مەملىكەتتىن بىرى ئاڭلىسا ھەيران قېلىشى مۇمكىن. ئەمما مەن شەرقىي تۈركىستانلىق. ھېچبىرىڭلار كۆرۈپ باقمىغان زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتىمەن ۋە ئەپسۇسلىنارلىقى مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ ئەھۋالىڭلارغا قاراپ سىلەرگە ھەۋەسلىنىۋاتىمەن. چۈنكى ھەر قايسىڭلار مەندىن جىق تەلەيلىككەنسىلەر. سىلەرھېچ بولمىغاندا ئۆزۈڭلار تارتىۋاتقان زۇلۇملارنى ئاڭلىتالايسىلەر. ئاۋازىڭلارنى چىقىرالايسىلەر. ئەمما بىزگە ھېچقاچان ئۇنداق تەلەي نىسىپ بولمىدى-دېدى ۋە جىمىپ قالدى. بىزلەرنىڭمۇ ئۈنىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى سۆزلىگۈدەك باشقا گەپ يوق ئىدى. بەزى چاغلاردا، بەزى يەرلەردە ھەقىقەتەن سۆزلىگۈدەك گەپكە ئورۇن قالمايدۇ. بۇمۇ مۇشۇنداق يەرلەرنىڭ بىرسى ئىدى. چۈنكى سۆزى بولىنىۋاتقان يەر **شەرقىي تۈركىستان!** ئۇممەتلەرنىڭ يېتىمى، دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ زىندانى. تۈرك دۇنياسى ئۇچۇن قۇياشنىڭ تۇغۇلغان، ئىنسانلىقنىڭ يوقالغان يىرىدۇر. ئەڭ ئېچىنىشلىقلىقارلىقى شۇكى، كۆپىنچىمىز ھەتتا ئۇ يەرنىڭ ئورنىنىمۇ بىلمەيمىز. بۇ ۋىدىئودا **شەرقىي تۈركىستان** ۋە **شەرقىي تۈركىستان** داۋاسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز.

**شەرقىي تۈركىستان -** خىتاينىڭ غەربى-شىمالىغا، تۈرك دۇنياسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. يەر كۆلىمى تۈركىيەنىڭ ئىككى ھەسسىدىن سەل چوڭ كېلىدۇ.

35 مىليون قېرىنداشىمىز ياشايدۇ. يېقىنقى 250يىل ئىچىدە زۇلۇم ۋە بېسىم ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. بولۇپمۇ 1949-يىلى قانخور ماۋزىدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي

كوممۇنىستلىرى پۈتۈن تۇپراقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن،

ئەھۋاللار تېخىمۇ يامانلىششقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە **شەرقىي تۈركىستان** تۇپراقلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن،1955 -يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايۇنى » دەپ ئېلان قىلدى. "شىنجاڭ " - " يېڭى ئىشغال قىلغان زىمىن " دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بىزدىن تارتىۋالغان زىمىن. تارىختىن بېرى ئەسلىدىنلا **شەرقىي تۈركىستان** دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇلشغان. ھەتتاكى 1911-يىلىدىن 1928-يىلغىچە **شەرقىي تۈركىستاندا** ھۆكۈمدارلىق قىلغان جاللات ياڭ زىشىڭ، پايتەختىن ئۈرۈمچىدىكى بىردىن-بىر تېلىگراف ئاپپاراتىنىڭ ئاچقۇچىنى يېنىدا ساقلايتى.

ئەسلىدىنلا زۇلۇم ۋە بېسىم ئاستىدا ياشىغان **شەرقىي تۈركىستان** خەلقى، قانخور قاتىل ماۋزىدۇڭ مەزگىلىدە تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا قالدىلار ۋە كۈنىمىزگىچە 35 مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق شېھىت قىلىندى. شەرقىي تۈركىستان

خىتاي ئۈچۈن بەك مۇھىم. چۈنكى خىتايدا تېپىلىدىغان 180دىن ئارتۇق يەرئاستى بايلىق ۋە ماددىنىڭ 117سى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدۇ. بىزلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم، چۈنكى شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ئانا تۇپرىقىمىز، كۆرشاتىنىڭ يۇرتى.

تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، بۇ تۇپراق يېتىشكەن ئىسلام ئالىملىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈردى؛ ئىمام بۇخارى، تىرمىزى، ئىبىن سىنا، بىرۇنى، فارابى، خارەزمى ۋە ئۇلۇغ بەگ قاتارلىق ئىسلام ئالىملىرى بۇ تۇپراقتا يېتىشىپ چىققان. ئۇلارنىڭ

ئەۋلادلىرى بولغان بۇگۈنكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز، خىتاينىڭ زۇلۇم ۋە بېسىملىرى ئاستىدىمۇ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە مىللىي كىمىكلىنى يوقۇتۇپ قويمىدى. ھەتتا بېسىم ۋە زۇلۇمنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ دىن ۋە كىملىكلىرىنى تېخىمۇ قوغدىدى ۋە چىڭ يېپىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسسىق ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ بۇ قېرىنداشلىرىمىزنى قارشىلىق كۆرسەتمىدى، نىمىشقا ئۇرۇشمايدۇ دەپ ئەيىپلىگەن بىر قىسىملارغا قىسقىچە بىر چۈشەنچە. بۇ تۇپراقتا ياشىغان قەھرىمان قېرىنداشلىرىمىز يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە تۆت يۈزگە يېقىن ئىسيان قىلدى. ئەمما خىتاينىڭ كۈچلۈك ھەربى قىسىملىرىغا قارشى پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. شەرقىي تۈركىستاندىن كىلىۋاتقان سانلىق مەلۇمات ۋە خەۋەرلەر كەم ياكى ئېنىقسىز. چۈنكى بۇ تۇپراقلاردا ئېغىر دەرىجىدە رىجىم ئېلىپ بېرىلغاچقا 35 مىلىيۇن ئىنسانلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى يوق دىيەرلىك ئەھۋالدا. ئىنسانلارنىڭ تور قوللىنىشى چەكلەنگەن، تېلفونلارمۇ بەك چەكلىك قوللىنىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلفون خىتاي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تىڭشىلىپ، كونترول قىلىنىدۇ. بۇ تۇپراقلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئېرىشكەن بەزى ئۇچۇرلار مۇنداق:

ئاۋۋال بۇ تۇپراقتىكى ئۇيغۇرلارنى ئاسىملاتسيە قىلىشقا ئورۇنىۋاتىدۇ. دىن ۋە مىللى كىملىكلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا كۈچەۋاتىدۇ. رۇزا تۇتۇش، دىنى كىيىم-كىچەك، ساقال -بورۇت قويۇش چەكلەندى. 18ياشتىن تۆۋەن بولغانلار ياكى پېنسىئونىرلار (دەم ئېلىشقا چىققانلار) نىڭ مەسچىتلەرگە كىرىش چەكلەندى. مەسچىتكە كىرەلەيدىغان ئىنسانلار پەقەت دېھقانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىمالال مەسچىتكە كىرەلەيدىغان ۋاقتى خۇپتەن نامىزى. تېخى بۇ نامازغىمۇ كىرىش ئۈچۈن كىرىش كارتىسى بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كيىن مەسچىتكە كىرەلەيدۇ. ئۈزلىكسىز بېشىنى ئاغرىتىدۇ. ئۆزىنىڭ كىم بولغانلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مىللي كىملىكىنىڭ

سمۋلى بولغان تۈركچە بايراق ۋە تۈركچە ئىسىم چەكلەندى. ھەتتاكى تۈرك قەھۋەسى ۋە تۈرك چايلارنىڭ چەكلەنگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. پايتەخت

ئۈرۈمچىدە پۈتۈن دۆلەت ئورۇنلىرىغا خىتايلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بىزنىڭ

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەربىر قەدەملىرى نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. 1980- يىللاردىن بۇيانغا شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى ئاسسىملاتسىيە قىلىش ئۈچۈن

مىليۇنلارچە خىتاي كومىنىستلىرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن

بۇ تۇپراقلارغا يەرلەشتى. ئەكسىچە ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ئاسىملاتسىيە قىلىش ئۈچۈن تۈرمىلەرگە سولىدى. ئاسىملاتسىيە قىلىنىشقا قارشى چىققان ئۇيغۇر

لارنى مەجبۇرى كۆچۈشكە زورلىدى. خىتاي كومىنىست ھۆكۈمىتىنى رەت قىلغانلىقى

ئۈچۈن جىسمانى قىيىن- قىستاققا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇلار شۇقەدەر يىرگىنىشلىك

بولغانلىقىدىن ئېغىزدىن چىقىرىشقا ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ .بۇ تۇپراقلاردا قوش

پەرزەنتلىك بولۇش چەكلەنگەن، ئىككىنجى بالا مەجبۇرى ھالدا چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ .بۇ بالا چۈشۈرۈۋېتىلگەندىن كيىن ئاياللارغا تۇغۇت چەكلەش ئۇپىراتسيەسى قىلىنىدۇ ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھازىرقى ئاياللارنىڭ توغۇت چەكلەش ئۇپىراتسيەسى

قىلىنىش نىسپىتى .%22 ئۇنىڭ سىرتىدا مەخپىي توغۇلغان ئىككىنجى بالا،

بىلىنىپ قالغاندىن كيىن ئائىلىسگە زور جەرىمانە قويىلىدۇ .بۇ جەرىمانە بىر

دېھقانىنىڭ ئوتتۇرىچە سەككىز يىللىق كىرىمىغا تەڭ دىمەكتۇر .بۇ تۇپراقلاردىكى

زۇلۇمنىڭ تۈپ ئاساسى بۇ يەردىكى خەلقنىڭ مۇسۇلمان تۈرك  بولۇپ قالغانىقىدۇر.

ئۇلار كىملىكى بەرگەن مىللى ئاڭى بىلەن بېسىمغا باش ئەگمەيدۇ.ئۇلار باش

ئەگمىگەنسېرى خىتاينىڭ بېسىمى تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا .ئاياللار بولسا مەجبۇرى

خىتاي ئەرلەر بىلەن ياتلىق قىلىنىپ نومۇسىمىز دەپسەندە قىلىنماقتا .خىتاي تېغىمۇ رەزىللىشىپ يېڭى بىر سىياسەت يولغا قويدى.«قېرىنداش ئائىلە سىياسىتى » ،بۇ سىياسەتكە ئاساسەن ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئائىلە ئون بەش كۈندىن بىر خىتاي كوممىنىست پارتىيە ئەزاسى ئەرگە ساھىپخانلىق قىلىشى كىرەك .

ئەركەكلىرىمىزنى تۈرمىگە سولىغان خىتاي ھۆكىمىتى ئاياللىرىمىزنىڭ يېنىغا خىتاي ئەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ يەنە ئار -نومۇسىمىزنى دەپسەندە قىلماقتا.بۇ نومۇسلار ئۈممەتكە يېتىپ ئاشىدۇ .زۇلۇم بۇ دەرىجىدە ، ئەپسۇسكى قولىمىزدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيۋاتىدۇ ،چۈنكى ئارىمىزدا ئىتتىپاقلىق يوق .قولىمىزدىن بىر ئىش كەلمەيدۇ دەپ جىم تۇرۋالساقمۇ بولمايدۇ ،بەزى زۇلۇملارغا قارشى كۈچىڭىز يەتمىسىمۇ ھېچبولمىسا ئالدىغا ئۆتۈپ ۋىجدان ئازابىدىن ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرالايسىز .بۇ بۇقەدەر ئاددىي .دۆلەت سەۋىيىسدە قولىمىزدىن كىلدىغىنىنى قىلدۇق ،پەقەت كۈچىمىز يېتەرلىك بولماي قالدى .ئەمما قولىمىزدا بىر كوزىر پەيدا بولىۋاتىدۇ ،بولۇپمۇ ئۈچىنچى كۆۋرۈك بىلەن ئالاقىدار ۋېدىئودا دەپ ئۆتكەن خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ «يېڭى يىپەك يولى» پىلانى ، بۇ پىلانىنىڭ «بىر بەلباغ»قىسمى (قۇرۇق يول بۆلىكى) تۈرك دۆلەتلىرىدىن ئۆتۈپ تۈركىيە ئارقىلىق ياۋرۇپاغا تۇتىشىدۇ .خىتاينىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارىغان پىلانى .بۇ پىلانىنىڭ قاتناشقۇچىللىرى ھېساپلىنىدىغان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە تۈركىيە بىرلىشىپ قارار چىقارسا ۋە بۇنى بېسىم قىلىش سەۋەبى قىلىپ قوللانسا شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىدا ئاز بولسىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ .بۇنداق بولغاندا تۈركىيەمۇ ئاز بولسىمۇ بىر ئىش قىلالىغان بۆلاتتى .دۇنيانىڭ ھەربىر يەرلىرىدە بولغان زۇلۇمغا بىر ياردەم قولىنى سۇنۇشقا تىرىشقان تۈركىيە ،

شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يالغۇز قالماسلىقى ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىنى، كۈچىنىڭ يەتكىنىنى قىلىشقا تىرىشىدۇ.بىزنىڭ ئەڭ دىققىتىمىزنى تارتىشقا تېگىشلىك بولغىنى ، شەخسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز ، بۈرۈن ئۇتۇق قازانغان .تىۋىتتىردا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى دۇنيا قىززىق نوقتىلىرى قاتارىغا كىردى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت شۇ قاتاردا يەر ئالدى . بۇ سەۋەپلىك خىتاي قىلۋاتقان بېسىملىرىنى يېنىكلىتىشكە مەجبۇر قالدى ، چۈنكى خىتاي دۇنيا سياسى ئويۇنلىرىدىكى يۈز-ئابرويىغا بەك دىققەت قىلىدۇ ۋە بۇ ئاجىز نوقتىسىدىن بىز قوللىنالايمىز ، يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بولسا تىجارەت، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تىجارەت مۇناسىۋىتى ئوڭايلىقچە توختىمايدۇ ،چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت دۆلەت ئىقتىساد ىغا چوڭ مىقداردا زىيان كەلتۈرىدۇ . ئەمما بىز شەخسىي مەسئۇلىيىتىمىزنى، خىتايدا ئىشلەپ چىقىرىلغان مەسئۇلاتلارنىڭ ئورنىغا يەرلىك مەسئۇلاتلارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئادا قىلالايمىز ، پەقەت مەن بۇنىڭغا دىققەت قىلسام نىمە بولماقچى دەپ ئاددىي قارىماڭ، چۈنكى شەخس بۇلۇش سالاھىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك بولغىنى ئۆزىمىز .بۇلارغا يانداش بولغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە خەۋەردار قىلىش ، ئەپسۇسلۇنارلىقى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تۈركىيەدە بىلىنمەيۋاتىدۇ . ئۆتكەندە ياشلارنىڭ بىر يىغىلىشىدا شەرقىي تۈركىستان قەيەردە دەپ سۇئال سورىغان ئىدىم، نەردە ئىكەنلىكىنى ئەمەس شەرقىي تۈركىستان دىگەن ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن ، بۇلار خېلى تاللانغان ئەقىللىق ياشلار ئىدى ، ئۇنداق بولسا بۇ يەردىكى مەسىلە بىزدىمۇ؟ ياشلاردىمۇ ؟ ھەقىقەتەن مىڭ تۈرلۈك ھۇجۇملارغا دۇچ كېلىۋاتقان ئۇ زېمىنلەرنى تولدۇرۇشقا

مەسئۇل بولغان بىزلەر ، بىزنىڭ ياشلىقىمىز دۇنيانىڭ ئەڭ داۋالغۇشلۇق ياشلىقى ، ئەگەر بۇ داۋالغۇشنىڭ مەركىزىدە شەرقىي تۈركىستان ،سۈرىيە ،پەلەستىن بولمىسا ، خاپا بولماڭ، بۇ بىزنىڭ ۋە ھەمدە سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز ، شۇڭلاشقا بىز بىر ئىنقىلاپ باشلىدۇق، بۇ ئۇستاز نەجىپ فازىلنىڭ دىگىنىدەك ئىنقىلاپنى ئىنقىلاپ قىلسۇن ، بۈگۈن ئۆيىڭىزدە، بالىڭىز بىلەن قوشنىڭىزنىڭ بالىسىنىڭ دەرس نەتىجىسىنى ۋەياكى ئەيتاۋۇر« ساق قالغۇچىلار»پىروگرممىسىنىڭ قاتناشقۇچىسىنى ئەمەس شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە پاراڭلىشىڭ ، بۇ ھەپتە ئائىلىڭىزدە شەرقىي تۈركىستان ھەپتىسى بولسۇن ،ئالدىمىزدىكى ھەپتە پەلەستىن ھەپتىسى ، ئۇنىڭ كەيىندىكى ھەپتە قارابا . مۇشۇنداق بىر تەربىيە ئاخىرىدا ئۆزىڭىزدىكى ۋە ئەۋلادىڭىزدىكى ئاكتىپ ئۆزگۈرۈشلەرنى كۆرەلەيسىز ، بىزنىڭ ياشلىقىمىز مەسئۇلىيەتكارلىقىمىزنى پەقەت ئىمتاھان بىلەنلا چەكلەپ قويغىلى بولىدىغان دەرىجىدە قىممەتسىز ئەمەس، چۈنكى دۇنيادىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ھەممىسى تۈركىيەگە تەلپۈنىۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرى ياشلىرىمىزنىڭ زىممىسىدە ، ئاخىر بىدا بو ۋىدىئونىڭ ئاستىغا شەرقىي تۈركىستان قان يىغلاۋاتىدۇ دىگەن تىمىدا ئىنكاسلىرىڭىزنى يېزىشنى ئۇنۇتماڭ ، زۇلمنى توختۇتالمايمىز ئەمما ھېچ بولمىغاندا باشقىلارغا ئاڭلىتايلى .

ئاللاھقا ئامانەت!